


يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام . تاشقىنلىق يىللىرى

# «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» قۇرۇلۇشىنىڭ تۆھپىسى

1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دەل سائەت 15تە، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى يادرو قورال تەتقىق قىلىپ ياساش بازىسى ئاسمىنىدا بىر كۈچلۈك نۇر چاقناپ ئۆتتى، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان غايەت زور ئاۋازدىن كېيىن، غايەت زور ئوت شارى موگۈسىمان بۇلۇتقا ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو تۇنجى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىتىلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى!

شۇ كۈنى كەچتە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى باياناتى ئېلان قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىزچىل يادرو قوراللىرىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەش ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ يادرو قورالنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن. جۇڭگو ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئالدى بىلەن يادرو قورالى ئىشلەتمەيدۇ.

«شەرقتىكى غايەت زور ئاۋاز» دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جاپالىق ئەمگىكى جەۋھىرىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، كەسكىن ھالدا «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ»نى يادرو قىلغان دۆلەت مۇداپىئەسى ئاچقۇچلۇق پەن ـ تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قارار قىلدى.

1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مەركەزدە جوۋ ئېنلەي مۇدىرلىقىدىكى مەخسۇس كومىتېت قۇرۇلدى. كۈچلۈك رەھبەرلىك ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكەت «بىر تاختا شاھمات» بولۇپ، ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ»نى تەتقىق قىلىپ ياساش مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. ئاتوم بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا باشلامچى بولۇپ 1964 ـ يىلى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى يادرو ئوقبېشى ئورنىتىلغان يەردىن يەرگە قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئۇچۇپ پارتلىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1967 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى دۆلىتىمىز تۇنجى ۋودورود بومبىسىنى ھاۋادا پارتلىتىش سىنىقىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىتىپ، دۇنيا بويىچە ۋودورود بومبىسى تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن 4 ـ دۆلەتكە ئايلاندى. 1970 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، دۆلىتىمىز «چاڭجېڭ 1 ـ نومۇر» توشۇغۇچى راكېتاسى ئارقىلىق «دۇڭفاڭخۇڭ 1 ـ نومۇر» تۇنجى سۈنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى.

«ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇددى دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكىنىدەك: «ئەگەر 60 ـ يىللاردىن بۇيان جۇڭگودا ئاتوم بومبىسى، ۋودورود بومبىسى بولمىغان بولسا، سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىلمىگەن بولسا، جۇڭگونى مۇھىم تەسىرگە ئىگە چوڭ دۆلەت دېگىلى بولمايتتى، ھازىرقىدەك خەلقئارا ئورنىمۇ بولمىغان بولاتتى. بۇ نەرسىلەر بىر مىللەتنىڭ ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تاپقانلىقىنىڭ بەلگىسى».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 5 ـ بەتتە)

مىللىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداشقا باش شۇجى شى جىنپىڭ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى.

«ساڭشەن سىياھ بىلەن سىزىلمىسىمۇ سۈرەتتەك گۈزەل، ئېرخەي تارىسى بولمىسىمۇ قالۇن كۈيىدەك گۈزەل». يۈننەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېرخەي كۆلى بويىغا كېلىپ، ئېكولوگىيەسى قوغدىلىدىغان سۇلۇق يەرنى ئىنچىكە كۆزەتتى، ئېرخەي كۆلىنىڭ قوغدىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى، ئېرخەي كۆلى بويىدا شۇ جايدىكى كادىرلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ساقلاپ قېلىڭلار، يەنە بىر قانچە يىلدىن كېيىن قايتا كەلگىنىمدە، سۇنىڭ تېخىمۇ پاكىز، سۈزۈك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ يىل ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چىفېڭ شەھىرى كالاچىن خوشۇنى مائىنشەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ، پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي، ئېگىز ـ پەس ئورمان مۇھاپىزەت چىغىر يولنى بويلاپ، ئورمان رايونىغا كىرىپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزەتتى. باش شۇجى ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرىگە مۇنداق تاپىلىدى: ۋەتىنىنىڭ شىمالىدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى مۇستەھكەملەپ، بۇ يايپېشىللىقنى، بۇ كۆپكۆكلۈكنى، بۇ ساپلىقنى ياخشى ساقلاڭلار.

چىڭخەينىڭ ئېكولوگىيەلىك ئورنى مۇھىم ھەم ئالاھىدە. تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇ جايدىن جەزمەن ئۈچ دەريا مەنبەسىنى قوغداش، «جۇڭخۇا سۇ مۇنارى»نى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، جەزمەن چىڭخەي كۆلى بويىدىكى رايونلارنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئېگىز سوغۇق ئوتلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش ۋە مۇھىتنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، «سۈزۈك دەريا سۈيى شەرققە قاراپ ئېقىش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداشقا ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مىللەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالماشتۇرۇشى، ئالاقىلىشىشى، يۇغۇرۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆپ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان، تارىخى ئۇزاق بولۇپ، دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۈزۈلۈپ قالماي، بۈگۈنگىچە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيلىك. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، «گېسار» قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوللاپ ۋە يۆلەپ، ۋارىسلارنى ياخشى يېتىلدۈرۈپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. كىشىلەرنى توغرا تارىخ قارىشى، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭخۇا مىللىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. خېيلۇڭجياڭنىڭ توڭجياڭ شەھىرى باچا خېجېزۇ مىللىي يېزىسىنىڭ باچا كەنتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ خېجېزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى مول، بولۇپمۇ بېلىق تۇتۇش ماھارىتى يۇقىرى، نەقىش سەنئىتى نەپىس، يىماكەن نەزمىسى ناھايىتى يېقىملىق دەپ تەرىپلىدى. يۈننەننىڭ ئېرخەي كۆلى بويىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بەيزۇ مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆيلىرىگە كىرىپ: «بۇ يەرنىڭ مۇھىتى رەتلىك ـ پاكىز ئىكەن يەنە تېخى قەدىمىي، ئاددىي ھالىتىنى ساقلاپتۇ، بۇنداق ھويلا ـ ئاران غەربچە ئۆيدىن ياخشى، يۇرت سېغىنىشنى ئەستە ساقلىغىلى بولىدۇ» دېدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، ئىچكى موڭغۇل داشۆسىدە، ساۋاقداشلارنى ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، قەدەمنى پۇختا ئېلىپ، بىلىمنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئاساسنى ياخشى سېلىپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى؛ شىزاڭ مىللەتلەر داشۆسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىدا خەت ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. مەكتەپنىڭ شىزاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

قىزغىن غەمخورلۇق، سەمىمىي ئۈمىد.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مىللىي رايونلارغا، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنى غايەت زور ئىلھامغا ئىگە قىلدى، ئۇلار قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، دۆلىتىمىز مىللەتلەر ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتمەكتە.

## چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش ــ

**ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، زور تەرەققىيات بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى**

يۈننەننىڭ گۇڭشەن ناھىيەسىدىن يولغا چىقىپ، دۇلۇڭجياڭ ئېرىقىسىغا بېرىشتا، ئېگىز تاغلارنى ئايلىنىپ تۆۋەنگە چۈشكەندە، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا دەريا بويىدىكى بىر چىرايلىق، زامانىۋى كىچىك بازار نامايان بولىدۇ.

مەيىن شامالدا جەۋلان قىلىۋاتقان بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، ئۆگزىسى كۆك رەڭ، تېمى سېرىق رەڭدىكى دۇلۇڭ تۇرالغۇلىرى، رەتلىك ـ پاكىز كوچىلار خۇددى بىر پارچە رەسىمگە ئوخشايتتى، بۇ يەرنىڭ ئىلگىرى دۇنيادىن خالىي «نامرات يېگانە ئارال» ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن دۇلۇڭجياڭ يېزىسىدىكى 1000دىن ئارتۇق ئامىنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، بۆلجۈرگەن، دۇلۇڭ ھەرىسى، دۇلۇڭ كالىسى، دۇلۇڭ توخۇسى قاتارلىق خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسىپلىرى ھەممىلا يەردە گۈللەندى.

يەنە بىر ئاز سانلىق مىللەت يېتىشۋالدى! بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «بىر قەدەمدە مىڭ يىل ھالقىغانلىقى»نىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى بولدى.

مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پەقەت بىرىنچى قەدەم، تېخىمۇ ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا بىر مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ» دېگەن مۇھىم ھۆكۈمى مىللىي رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى، ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، سىياسەت شەرق شاملىدىن پايدىلىنىپ، گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ تېز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

تەرەققىيات تېزلىتىلىپ، مىللىي رايونلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇھىم باسقۇچلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

جىخاۋ يېچيۇ باش شۇجى شى جىنپىڭ دالياڭشەنگە بارغاندا يوقلىغان يىزۇ نامرات ئاممىسىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىدە، ئۆيلەر بىلەن قوتانلار ئارىلاش جايلاشقان بولۇپ، تۆت تەرەپتىن شامال كىرىپ تۇراتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، جىخاۋ يېچيۇ كۆچۈپ كىرگەن يېڭى ئۆيدە ئايرىم ئاشخانا ۋە تازىلىق ئۆيى بار، ھەر كۈنى يۈز يۇيۇش، چىش چوتكىلاش ئۆيدىكىلەرنىڭ ياخشى ئادىتىگە ئايلاندى. كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىن كېيىن، جىخاۋ يېچيۇ ئۇنىڭدا ئىشلىدى، ئائىلىسىدىكىلەر يەنە ياڭيۇ تېرىپ ۋە كالا بېقىپ كىرىمنى خېلىلا كۆپەيتتى.

جىخاۋ يېچيۇدىكى ئۆزگىرىش دەل مىللىي رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدۇر. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، سەككىز مىللىي ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى نامرات نوپۇس 2012 ـ يىلدىكى 31 مىليون 210 مىڭدىن 2018 ـ يىلدىكى 6 مىليون 30 مىڭغا چۈشۈپ، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى %20.8تىن %4كە تۆۋەنلىگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مىللىي رايونلار قاتناش، خەۋەرلىشىش، ئېلېكتىر، ئىچىدىغان سۇ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردى. قاتناشنى مىسالغا ئالساق، سەككىز مىللىي ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشيول مۇساپىسى 1 مىليون 180 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى، تۆمۈريول مۇساپىسى 36 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول مۇساپىسى 5000 كىلومېتىرنى بۆسۈپ ئۆتتى. لەنجوۋ ـ شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى، موتو تاشيولى، دۇلۇڭجياڭ تونېلى قاتارلىقلار ھەم تەرەققىيات قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قۇرۇلۇشىدۇر.

مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كېلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن مەبلەغ سېلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 2013 ـ يىلدىن باشلاپ، سەككىز مىللىي ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا سېلىنغان مەركەز مالىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى جەمئىي 227 مىليارد 930 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەبلەغ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %44.3نى ئىگىلىگەن. 2018 ـ يىلى، مەركەز مالىيەسىنىڭ مەخسۇس تۈردىكى نامراتلارنى يۆلەش بويىچە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن مەبلىغىدىن 12 مىليارد يۈەن مەخسۇس «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»قا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن مەبلەغنىڭ %60نى ئىگىلىگەن.

ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى.

قۇربان تاغىنىڭ قىزى توختىخان قۇربان بۇ يىل 90 ياشقا كىردى. بۈگۈنكى كۈندە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاۋاب خېتى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى «ئەڭگۈشتەر»گە ئايلاندى. موماي مۇنداق دېدى: قىزىل ئائىلە ئىستىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تيەنشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چېچىش باش شۇجى شى جىنپىڭغا بولغان ئەڭ ياخشى مىننەتدارلىقتۇر.

توختىخان قۇربان مومايىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىمىنجان ئەيسا بىر كەنتنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى. «كەنت ئاھالىلىرى مېنىڭ قۇربان تۇلۇمنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، ھەممىسى ماڭا بەك ئىشىنىدۇ، باش شۇجى جاۋاب خەت يېزىپ، بىزدىن شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇرتداشلارنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمەن» دېدى ئۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش چوڭقۇرلۇقتا، كەڭلىككە قاراپ ئالغا سىلجىتىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش چىڭ تۇتۇلۇپ، ساھە ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، ۋاسىتە بېيىتىلىپ، مېخانىزم مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئادەمەيلەشتۈرۈش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش، ئەمەلىيگەۋدىلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى... يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، يېتەكلىشىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىللە ياشاش، بىللە ئۆگىنىش، بىللە ئىشلەش، بىللە كۆڭۈل ئېچىش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

ئېكولوگىيە ياخشىلاندى، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسى مىللىي رايونلاردا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى دالى شەھىرى ۋەنچياۋ بازىرى گۇشېڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لى دېچاڭنىڭ ئۆيى دەل ئېرخەي كۆلىنىڭ بويىدا. تۆت يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىزچىل باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ھەر كۈنى ئېرخەي كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىشكە دىققەت قىلىپ كەلدى. «پەقەت ۋاقتىم بولسىلا، ساھىلدىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تازىلاپ، قىرغاققا يېقىن جايلاردىكى ئۆلگەن سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ۋە سۇ يۇسۇنلىرىنى سۈزىمەن» دېدى لى دېچاڭ.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، پايدىسى كېيىنكىلەرگە بولىدىغان ئېرخەي كۆلىنى قوغداش، تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىر مەيدان جېڭى باشلاندى. تۈزەش ئۈنۈمىگە يېتىش ئۈچۈن، دالى يەنە شاڭخەي قاتناش داشۆسى يۈننەن (دالى) تەتقىقات يۈرتى قاتارلىق ئاپپاراتلاردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ئېرخەي كۆلىنىڭ «تومۇرىنى تۇتۇش»قا تەكلىپ قىلدى.

بۈگۈنكى ئېرخەي كۆلى سۈزۈكلەشتى، گۈزەللەشتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، پۈتۈن ئېرخەي كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى ئوتتۇرىچە II دەرىجىدە بولدى.

«مەن باش شۇجىنىڭ دالىغا يەنە كېلىشىنى، گۇشېڭ كەنتىگە يەنە كېلىشىنى، بىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمىزنى كۆرۈپ بېقىشىنى، ئېرخەي كۆلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى لى دېچاڭ ئىنتىزارلىق بىلەن.

مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىندى، مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

«بىر ئەپكەش، ھوييو ھوي، يۈەن ھوي. ئوھوي، يوبا يۈەن بولسا لىشۆ، ئوھوي، يوبا يۈەن بولسا لىشۆ، ئوھوي يۈەن ھوي.» خەنزۇ، چياڭزۇ ئىككى مىللەتنىڭ تىلى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بۇ «بىر ئەپكەش» دېگەن خەلق ناخشىسى سىچۈەن ئۆلكىسى بېيچۇەن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە.

2008 ـ يىلى «12 ـ ماي» ۋېنچۈەندىكى پەۋقۇلئاددە زور يەر تەۋرەشتىن كېيىن باشقا جايدا قايتا قۇرۇلغان بېيچۇەن يېڭى ناھىيە بازىرىدا، يەر تەۋرەشتىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن ھەر مىللەت ئامما ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش شەكلى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەندى. كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان چياڭزۇ ناخشىلىرى، نەپىس، شادىيانە چياڭزۇ ئۇسسۇللىرى ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر مىللەت ئامما ئۆزئارا چۈشىنىشتى، ئۆزئارا سىڭىشىشتى، بىللە تۇرمۇش كەچۈردى، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈردى، قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى ۋە تەۋەلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ئەسلىدە ناتونۇش بولغان قەلبلەر تەدرىجىي يېقىنلىشىپ تۇتىشىپ كەتتى. «ھازىرقى بېيچۇەندە، بەزى خەنزۇ ئامما چياڭزۇچە ناخشىلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىنمۇ ياخشى ئېيتالايدۇ، كۆپچىلىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى داۋامىدا ھېسسىياتنى ئىلگىرى سۈردى» دېدى بېيچۇەن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى لەي جۈن تونۇشتۇرۇپ.

بۈگۈنكى كۈندە، خانى پەلەمپەي ئېتىزلىرى، خۇاشەن قىيا رەسىملىرى قاتارلىق 14 تۈرلۈك ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلاردىكى تارىخىي قەدىمىي يادىكارلىقلار دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقامى، موڭغۇللارنىڭ ئۇزۇن ئاھاڭلىق خەلق ناخشىسى، خۇيزۇلارنىڭ خۇائېرى قاتارلىق 15 تۈرلۈك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەنئەت مىراسى دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتتى.

مائارىپ ئىشلىرى مىللىي رايونلارنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، ھەربىر ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسىنىڭ ئۈمىدى ۋە كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 30 مىليون 94 مىڭ كىشىگە يېتىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %10.9نى ئىگىلىدى؛ ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلارنىڭ ئۈچ يىللىق يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ئومۇمىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ۋە ئالىي مائارىپ ئومۇمىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2015 ـ يىلدىكىدىن 6.7، 1.2، 1.8 ۋە 8.1 پىرسەنت پويىنت ئۆستى.

...

چوڭقۇر ئۈمىد جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ شىجائىتىنى مۇجەسسەملىدى؛ سەمىمىي غەمخورلۇق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى.

«ئىككى 100 يىللىق» كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جۇڭخۇا 56 مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە كۈچىگە تايىنىش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قول تۇتۇشۇپ يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش داغدام يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

**(قاتناشقان مۇخبىرلار جاڭ خەيلىي، جاڭ چېن، جى جېيىڭ، دىڭ يىچۈەن، ئاينۇر)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**